# 106566 - ئېھراملىق كىشى كۆڭلەك ئىشلەتسە توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

ئېھراملىق كىشى كۆڭلەك ئىشلەتسە قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

كۆن نۇرىدىن ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆڭلەك كۆتۈرىۋالسا توغرا بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھرامدا ئەرلەرنىڭ  بېشىنى ئورىۋېلىشتىن چەكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى چەكلىمىنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ بېشىنى ئوراش ئەمەس، بەلكى كۆن نۇرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆڭلەك ئىشلىتىشتۇر. ئىمام مۇسلىم بايان قىلغان سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىرگە بولغان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى يېتىلىۋالغان بولۇپ، يەنە بىرى كىيىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغانغا قەدەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۆن نۇرىدىن سايە قىلىپ توسقان. يەنە بىر رىۋايەتتە: كىيىمنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە سايە قىلىپ كۆن نۇرىدىن توسقان دەپ كەلتۈرگەن.

بۇ ھەدىس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھرامدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئېھراملىق ھالەتتە كىيىم بىلەن سايە قىلىنىپ كۆن نۇرىدىن سايىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 22-توم 147-148-بەت].